# پەيغەنبەر ئەلەيھىسسالام: «ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئىشتىن ساقلىنىڭلار

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: پەيغەنبەر ئەلەيھىسسالام: «ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئىشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەندە، سەھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇ نېمىلەردىن ئىبارەت؟ دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرۈش، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، ئۇرۇش مەيداندىن بۆرۈلۈپ قېچىش، ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز، پاك ئىپپەتلىك مۇئمىنە ئايالغا بۆھتان چاپلاش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت دېدى.

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يەتتە تۈرلۈك جىنايەت ۋە گۇناھلاردىن يىراق بولۇشقا بۇيرىدى، ئۇ ئىشلار قايسى؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت دېدى: بىرىنچى: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بولسا؛ قايسى شەكىلدە بولسۇن ئاللاھنىڭ ئوخشىشى بار، باراۋېرى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش، ھەر قانداق ئىبادەتنى ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەدىستە؛ شېرىك لەپزىنىڭ ئەڭ بېشىدا كېلىشى بولسا، ئۇ گۇناھلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئىككىنچى: سېھىر، (سېھىر دېگەن: چېگىك چېگىش، بىر نەرسىگە سۈپلەش، ئۆت-چۆپ دورىلىرىنى ئىشلىتىش ۋە تۈتۈن چېقىرىش قاتارلىقلار) سېھىر سېھىرە قىلىنغۇچىغا ماددى ۋە مەنىۋى تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەر-ئايالنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش دېگەندەك ئىشلارغا سەۋەپ بولىدۇ، بۇ شەيتانى ئەمەل بولۇپ، بۇنى قىلىدىغانلار كۆپ ھالەتلەردە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، پاسكىنا روھلار ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۇلارغا يېقىنلىشىدۇ. ئۈچىنچى: ئاللاھ تائالا ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن كىشىنى ئۆلتۈرۈش. لېكىن شەرئى مەھكەمەدىن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان كىشىنى ھاكىمنىڭ بۇيرىقى بىلەن ئۆلتۈرسە بولىدۇ. تۆتىنچى: جازانە قىلىش، ئۇنى يېسۇن ياكى باشقا تەرەپلەردىن پايدىلانسۇن ئوخشاشلا ھارامدۇر. بەشىنچى: ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن، بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ مال-مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىش. ئالتىنچى: كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەيداندىن قېچىش. يەتتىنچى: ئىپپەتلىك ھۆر پاك ئايالغا، شۇنىڭدەك ئىپپەتلىك پاك ئەرگە بۆھتان چاپلاش.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3331

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee